# ئىزدىنىش

(تاللانما)

7

1994

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1994-يىل 7-سان

(ئومۇمىي 73-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994 - يىللىق 6 -، 10-ۋە11-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇشنىبوشاشماي، چىدامىلىق بىلەن ئۇزاقىچە تۇتۇش لازىم**.................... جياڭ زېمىن (2)

**نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش مۇھىم سترا تېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر**.................... لى پېڭ (11)

**يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يەنە يېڭى بىر بالداق كۆتۈرەيلى**.................... ۋېن جياباۋ(21)

**ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك**.................... ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (33)

.جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش مۇنبىرى.

**پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى ئاكتىپ ھالدا قولغا كەلتۈرەيلى ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنايلى**.................... لى جۇگجېي (40)


★7-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى:100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا بېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)


---

# نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇشنى بوشاشماي، چىدامىلىق بىلەن ئۇزاققىچە تۇتۇش لازىم*

جياڭ زېمىن

يېقىنقى يىللاردا بىرمۇنچە نامرات رايونلارنى كۆزدىن كەچۈردۈم. ئومۇمەن ئېيتقاندا، نامرات رايونلار-نىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش بىرقەدەر چىڭ تۇتۇلۇپتۇ، خىزمەتلەر ياخشى ئىشلىنىۋېتىپتۇ. ھەردەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى، شۇنداقلا نامرات رايونلار-دىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ھازىر مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تازا مۇقىم ھالدا ھەل قىلىنمىغان نامرات ئاھالە ئازلاپ 80 مىليونغا چۈشتى. بۇ غايەت زور تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

بۇ مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇق، مېنىڭچە، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى قۇتقۇزۇش بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە ئۆزگەرتىپ، بىگىچە نامراتلارنى يۆلەش فاڭجېنىنى تىكلىدۇق. ئەمەلىيەت شۇنى چۈشەندۈردىكى، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇشنى يولغا قويغاندا، يەنى ھەر قايسى جايلار بازارنىڭ تەلىپىنى نىشان قىلىپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، ئۆز جايىنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرغاندا، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، دۆلەتنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى بىلەن نامرات رايونلاردىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ،

---

* بۇ ماقالە يولداش جياڭ زېمىننىڭ 1994-يىل 3-ئاينىڭ 3-كۈنى مەملىكەتلىك نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەر جاينىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ تەرەققىيات خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى. خۇددى نۇرغۇن يولداشلارنىڭ دېگىنىدەك، " نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يار-يۆلەك بولۇش ئارقىسىدا، يۆلىگەنسېرى كىشىلەر شۇنچە ئىشچانلىشىپ كەتكەن، ئىشچانلىشىپ كەتكەنسېرى بېيىغان. " مەن شىمالىي شەنشىدىكى يەنئەن رايونىنى كۆزدىن كەچۈرگەنىدىم، ئۇلار پەلەمپەي ئېتىز ياساپ تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپتۇ، " تاماكا، مېۋە-چېۋە، چارۋا، بەيشۇ-ياگيۇ " دىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئاساسىي كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق خەجلەيدىغان پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىپتۇ. ئۇ يەرنىڭ ئالمىسىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ئېكسپورت سەۋىيىسىگە يېتىپتۇ. نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يار-يۆلەك بولۇش نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى بىر تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش، زور ئىجادىيەت، بۇ فاڭجېندا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يەنىلا ناھايىتى مۈشكۈل ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. 80 مىليون ئادەمنى ئاز دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىنقى يىللاردا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان جايلار، نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەركىچىك جايلاردۇر، ھازىر قېپقالغان جايلار، خۇددى يولداشلار ئېيتقاندەك، ھەممىسى غاجلاش تەس بولغان قاتتىق سۆڭەك. بۇنىڭدىن كېيىنكى يەتتە يىلدا قېپقالغان 80 مىليون ئادەمنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن " دۆلەت يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى"نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلان ياخشى، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ، بۇنىڭدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش روھىنىڭ بولۇشىدا. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا 80 مىليون ئادەمنىڭ قورسىقىنى توق، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالساق، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىگەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياشاش ھوقۇقىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى تەلتۆكۈس ھەل بولىدۇ. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىمىزنىڭ تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ تارىخىدىمۇ بىر ئۇلۇغ ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى زور، دۇچ كەلگەن ۋەزىپىلەرمۇ ناھايىتى مۈشكۈل، بۇ خىزمەتلەرنى بوشاشماي، چىداملىق بىلەن ئۇزاققىچە پۇختا تۇتۇش لازىم.

## 1. بوشاشماي ئۇزاققىچە تۇتۇش ئۈچۈن، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ مۈشكۈللۈكى ۋە مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇش كېرەك

نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ مۇشكۈللۈكىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرىنچىدىن، يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئورۇنداشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى چوڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر ئورۇندالسا، مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىلا ھەل بولغان بولىدۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نىسپىي نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەت تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى دۇنيادىكى بەزى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى گەرچە ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ھەممە دۆلەتلەردە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسى تۆۋەن، نىسپىي نامراتلىق مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان. دۆلىتىمىز سوتسىيا-لىستىك دۆلەت، نىشانىمىز بارلىق خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىمىز ۋاقىتلىق تەدبىر ئەمەس، ئۇنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

نامراتلىقنى تۈگىتىپ، ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ نامايەندىسى. پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب قىلىش، سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى مەقسىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىر قىسىم كىشىلەر ۋە بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىشتىمۇ قالغان كىشىلەر ۋە قالغان رايونلارنىڭ بېيىش يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق بېيىش نىشانىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزدە تۇتتىمىز. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ھەم بايلىق تەقسىماتىنىڭ ئۈنۈم نىشانىنى كۆزلەيمىز، ھەم ئادىللىق پرىنسىپىغا ئېتىبار بېرىمىز، شۇڭا، نامرات رايونلارغا قارىتا ئۈنۈملۈك بولغان يۆلەش سىياسىتىنى قوللىنىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر.

نامراتلىقنى تۈگىتىپ، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ مۇھىم شەرتى. جايلارنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، بەزىلىرىنىڭ تېزرەك، بەزىلىرىنىڭ نىسپىي ئاستىراق، بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ جەرياندا نامرات رايونلار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ رايونلار نامرات ھالەتتە تۇرۇۋەرسە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەسىر يېتىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. ئەگەر بىر قىسىم جايلار ناھايىنى بېيىپ كېتىپ، بىر قىسىم جايلار ئۇزاق مۇددەت ناھايىتى نامرات ھالەتتە تۇرسا، بۇنىڭغا مۇقىمسىزلىقنىڭ ئامىللىرى

يوشۇرۇنغان بولىدۇ. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى نامرات رايونلارنىڭ خېلى بىر قىسمى چېگرا رايون ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا مەركەزلەشكەن. بۇ جايلارنىڭ تېزرەك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش زور ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە بېرىپ تاقىلىدىغان زور سىياسىي مەسىلە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزى نامرات رايونلار بولسا كونا ئىنقىلابىي رايونلاردۇر. كونا ئىنقىلابىي رايونلاردىكى خەلقلەر ئۇرۇش يىللىرىدا جۇڭگو ئىنقىلابىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. كونا ئىنقىلابىي رايونلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، كونا ئىنقىلابىي رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلاش بىز ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتتۇر. قىسقىسى، كونا ئىنقىلابىي رايونلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى، چېگرا رايونلار ۋە نامرات رايونلارنى، غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشتۇر.

## 2. بوشاشماي ئۇزاققىچە تۇتۇشتا ھالقىلىق مەسىلە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە

نامراتلارنى يۆلەش نوقۇل ئىقتىسادىي خىزمەت بولۇپ قالماي، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىي ۋە ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە خىزمەت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ئىلگىرىكىدەكلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭغا بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇنى سۈرۈشتە قىلىشى، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئاممىنىڭ دەردىگە يېتىش ۋە پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قوغداشتۇرۇشتىكى بىر چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇشى لازىم. ھەممە يەردە ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىش، ھەممە ئىشتا ئاممىغا تايىنىش، ھەممىدە ئاممىنى نەزەردە تۇتۇش، سەممىي نىيەت بىلەن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستىراق رايونلار، تۇرمۇشتا بىر قەدەر قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى كېرەك. بىرەر رايوندىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغان-قالمىغانلىقىغا، ئىنىچ-ئىتتىپاق بولۇش-بولالماسلىقىغا قاراشتا مۇھىم بىر تەرەپ، ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدا بىر قەدەر قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئاممىنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىگەن-ئىشلىمىگەنلىكىگە قاراش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ئومۇمىي خىزمەتنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاجىز ھالقىلارنى نۇقتىلىق تۇتۇشى، دائىم نامرات رايونلارغا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا بېرىپ، ئاما بىلەن سىردىشىشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، شۇ يەردىكى كادىرلار ۋە ئاممىغا ياردەملىشىپ بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بېرىشى لازىم. يېقىندا مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى، چوڭ-ئوتتۇرا شەھەر ۋە ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپىلىرى بىر قەدەر تولۇق ئىكەن، ئەكسىچە، بەزى نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپىلىرى كەمچىل ئىكەن، ئۇلارنىڭ قىشتىن چىقىشى تەس، بۇ يىل قىش كىرىشتىن بۇرۇن ئورگان كادىرلىرى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامرات رايونلارغا كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرسەك بولىدۇ.

كادىرلارنى تاللاپ تۈركۈمگە بۆلۈپ نامرات رايونلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىشتە چىڭ تۇرۇشىمۇ نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەدبىرىدۇر، بۇ ئەمەلىي تەجرىبىلەر تەرىپىدىن تولۇق ئىسپاتلاندى. نامرات رايونلار قانچە نامرات بولغانسېرى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىگە شۇنچە موھتاج. ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئورگانلاردىن بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئاجرىتىپ نامرات يېزا، نامرات كەنتتە نۇقتىدا تۇرغۇزۇپ، ئاممىغا پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىنى توغرا تېپىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى، تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ، تەرەققىيات خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئويۇشتۇرۇش كېرەك. بەزى نامرات كەنتلەر ۋاقتىنچە قابىلىيەتلىك كادىرلارنى تاپالمىسا، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىن بەزى كادىرلارنى ئاجرىتىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ۋەزىپە ئارتىشنى ئويلىششقىمۇ بولىدۇ. كادىرلارنى نامرات يېزا، نامرات كەنتلەرگە ئەۋەتىپ نۇقتىدا تۇرغۇزۇش، ۋەزىپە ئارتىشتا چىڭ تۇرۇش كادىرلارنى چىنىقتۇرۇش، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ئۇستىلىنى ياخشىلاشقىمۇ ناھايىتى پايدىلىق. نامرات يېزا، نامرات كەنتلەرنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتىكى سىياسىي ئۇتۇقلارنى ناھىيە، يېزىلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى سىناش ۋە تاللاشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئويۇشتۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلارنى يۆلەشتەك ييڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك، بۇمۇ نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە بولغان

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەزەلدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلارنى يۆلەيدىغان ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى بار، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇش بەكمۇ زۆرۈر. دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، شۇنىڭدەك شارائىتى يار بەرگەن كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش پائال قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشى، ھەر كىم قولىدىن كېلىشىچە كۈچ چىقىرىشى لازىم. نامراتلارنى يۆلەشتە مەلۇم دەسمايە سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرى قاتارلىق ئورۇنلار مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى ۋە ئېغىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلارنى ئارقىدا قالغان رايونلارغا كەسپ بويىچە ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق بېيىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق ئۈچ چوڭ شەھەر ۋە دېڭىز بويىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە كۆپرەك كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مەركەزنىڭ پىكرى مۇنداق: دېڭىز بويىدىكى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، شەھەرلەر ئۆز تەۋەلىكىدىكى نامراتلارنى ئۆزلىرى پۇل چىقىرىپ يۆلىشى، مەركەزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى مەركەزلىك ھالدا ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى قىيىنچىلىقى چوڭراق جايلارغا ئىشلىتىلىشى لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىشىڭلارنى ۋە يار-يۆلەك بولۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىمىز. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملارنىڭ ھەممىسى ئۆز رايونىدا باي ناھىيە نامرات ناھىيىگە ياردەم بېرىش، باي يېزا نامرات يېزىغا ياردەم بېرىش، باي كەنت نامرات كەنتكە ياردەم بېرىش، باي ئائىلە نامرات ئائىلىگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنى جۈپ بولۇشۇپ ئۆزئارا ياردەملىشىشكە يېتەكلىشى كېرەك.

## 3 . بوشاشماي ئۇزاققىچە تۇتۇش ئۈچۈن، نامرات رايونلاردىكى كادىرلار ۋە ئامما ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتەك ئىگىلىك يارىتىش روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم

دۆلەتنىڭ نامرات رايونلارنى مەلۇم دەرىجىدە يۆلىشى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامراتلارنى يۆلىشى تامامەن زۆرۈر. لېكىن، نامرات رايونلارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتا، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە تايىنىش لازىم. بۇ، نامرات رايونلاردىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھى بولسىلا، قىيىنچىلىقنى ئاسان يەڭگىلى بولىدۇ. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسى، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى ئاساسىي تەجرىبە. بۇلتۇر باھار بايرىمىنىڭ ئالدىدا سەنشىنى كۆزدىن كەچۈردۇم، بۇ ئۆلكىدىكى لىنخىن شەھىرىنىڭ چياۋلى كەنتى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىغا تايىنىپ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپتۇ. ئۇلار ھازىر راۋۇرۇس بېيىپتۇ، شۇنداقتىمۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يەنىلا ئاما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇش، ھالاۋەت ۋە مۇشەققەتتە بىللە بولۇش روھىنى ساقلاپتۇ. نامرات رايونلاردىكى ھەممە خەلقنىڭ مۇشۇنداق روھنى ئۆگىنىشىنى ۋە جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇشقا ئائىت يېڭى ئاڭ-پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. ئەنئەنىۋى كۆزقاراش ۋە ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش لازىم. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، يولنى توغرا تېپىش ھالقىدۇر. بىرمۇنچە نامرات رايونلار ئىدىيىدە ئازاد بولمىغانلىقى، ئىقتىسادىي خىزمەتتە يولى بەك تار بولغانلىقى ئۈچۈن زىيان تارتتى، ئۇلاردا بىر تەرەپتىن، تاقىر تاغ، قاقاس يانباغىرلار، قاقاس ساھىللار، ئېچىپ پايدىلىنىلمىغان سۇلار شۇ پېتى تۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن ئەمگەك كۈچلىرى بىكار تۇرماقتا. ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىنى بايلىق قاتارىدا كۆرۈش كېرەككى، بوپا ھېسابلىماسلىق كېرەك. نۇرغۇن جايلار ئۇزاقتىچە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئېتىز-ئېرىقلارنى ئوڭلاش، يەر ئېچىش، كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، كىچىك سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش، جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئىشلىرىنى قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. مۇشۇ يىللاردا ياردەم پۇلى بېرىش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىش، ئەمگەك ھەققى ھېسابىدا ئاشلىق ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرى بېرىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان ئېتىز بىنا قىلىش، يول ياساش ئىشلىرىدىمۇ ئۈنۈم ناھايىتى ياخشى بولغان، بۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. نامرات تاغلىق رايونلاردا تېرىلغۇ يەر ئاز، قاقاس تاغ جىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقنى ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى ھەر جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش لازىم. نامرات رايونلارنىڭ ” يىراقنى كۆزلىگەندە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى تۇتۇش، يېقىننى كۆزلىگەندە چارۋىچىلىقنى تۇتۇش، شۇ يىلى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەمگەك-مۇلازىمەتنى سىرتقا چىقىرىش “ دېيىلگەن تەجرىبىسىمۇ بار. ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىش، ئەمەلىيەتتە، ئەمگەك-مۇلازىمەت تەربىيىسى، ئەقىل بۇلقنى ئېچىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق ئەمگەك كۈچلىرى سىرتتا بىرنەچچە

يىل يۇرسە، نەزەر دائىرىسى ئېچىلىدۇ، بىلىمى ئاشىدۇ. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ قالىدۇ. نۆۋەتتىكى مەسىلە شۇكى، ئەمگەك-مۇلازىمەتنى سىرتقا چىقىرىش كۆلىمى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان ''دېھقان ئىشچىلار دولقۇنى''غا بولغان رەھبەرلىكنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئەمگەك-مۇلازىمەتنى سىرتقاچىقىرىشنى تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ئېلىپ بېرىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ستىخىيىلىك ھالدا قارىغۇلارچە ئېقىپ يۈرۈش ئەھۋالىنى تېزرەك ئازايتىش لازىم. بۇ نۇقتا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بولۇپمۇ نامرات رايونلاردىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىققىتىنى تولۇق قوزغىشى كېرەك، ياخشى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا، ئەمگەك-مۇلازىمەتنى نورمال ھالدا سىرتقا چىقىرىشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېغىر ئىجتىمائىي ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنى ئوبدان تۇتۇش ھالقىلىق مەسىلىدۇر. بۇنداق ئىگىلىك يارىتىش روھىنى ماددىي كۈچكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاخىرقى ھېسابتا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشقا تايىنىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، نامراتلارنى پەن-تېخنىكا، ماتارىپ ئارقىلىق يۆلەش، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئىشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ''يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى''دا باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى پائال تۈردە يوقىتىش، ياشلار ۋە چوڭلارغا كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى بېرىش، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، پىلانلىق تۇغۇتنى ياخشى تۇتۇش تەكىتلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى بولدى، مەن بۇلارنى قۇۋۋەتلەيمەن. نامرات رايونلار بىر تەرەپتىن، ھازىرقى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تۇراقلاشتۇرۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشى لازىم. نۇرغۇن جايلارنىڭ ئەمەلىيىتى كۆرسەتتىكى، بىر مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىسىنى ئىشقا قويغاندا، بىرمۇنچە كىشىلەرنى يېتەكلىگىلى، بىر يەرنى بېيىتقىلى بولىدۇ. بىزنىڭ يېزىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۇلارغا سىياسىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى ئەتراپىدىكى ئاممىنى يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، يۇرتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە جەلپ قىلىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىق تولاراق نامرات رايونلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ چىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قەيسەر بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق. بۇنىڭدا نۇقتىلىق مەسىلە ئىككى: بىرىنچىسى، نامرات ناھىيىلەرنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ئوبدان تاللاش ۋە سەپلەش لازىم، ئاساسلىقى، خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك، جاپا چېكىشتىن

قورقمايدىغان، ئامما بىلەن ئالاقە باغلايدىغان مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تاللاپ ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ شۇجى-سى، ھاكىم قىلىش كېرەك. ھەمدە ئۇلارنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. ئىككىنچىسى،نامرات كەنتلەردە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە بىر ياخشى تەجرىبە بار، ئۇ بولسىمۇ " پۇل-پىچەك، نەرسە-كېرەك بەرگەندىن كۆرە ياخشى ياچېيكا قۇرۇش تېخىمۇ زۆرۈر“ دېگەندىن ئىبارەت. ياچېيكىنىڭ ياخشى رەھبەرلىك بەنزىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئاكتىپ، قابىل، پاك، ئادىل، ئامما بىلەن ئالاقە باغلايدىغان مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى رەھبەرلىك ئورنىغا تاللاپ ئۈستۈرۈش كېرەك.

قىسقىسى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز باشتىن-ئاخىر نامرات رايونلارنىڭ غېمىنى يەپ، ھالاۋەتتىمۇ، مۇشەققەتتىمۇ ئامما بىلەن بىللە بولىدىغان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرىدىغان، دۆلەتنىڭ تېگىشلىك يۆلىشى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ، ئىزچىل كۈرەش قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەيدىغانلا بولسا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا نامرات رايونلارنىڭ قالاق قىياپىتىدە چوقۇم ئۆزگىرىش ياسىلىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# نامرات رايونلارنىڭ ئېگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر*

لى پېڭ

1 . ” يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى “نى يولغا قويۇپ، نامرات رايونلارنىڭ قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلىش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىدۇر

نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش ئىشى مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغىنىغا 7-8 يىل بولدى. ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش فاڭجېنىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇلغاچقا، ناھايىتى زور نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. پۈتۈن مەملىكەت-نىڭ نامرات رايونلىرىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئامما بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، مەركەزدىن جايلارغىچە بولغان ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ، سوتسىيالىزم نامراتلىقنى يوقىتىشى كېرەك، دەيدۇ. بۇ—ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇشكۇل تارىخىي ۋەزىپىدۇر. بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان ” يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى “دا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان يەتتە يىل ئىچىدە، پىرىنسىپلاردىكى 80 مىليون ئاھالىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت .

---

* بۇ ماقالە يولداش لى پېڭنىڭ 1994-يىل 3-ئاينىڭ 3-كۈنى مەملىكەتلىك نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

بۇ — بىز مۇشۇ ئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي مەسئۇلىيىتى.

” يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى “دا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى مۇددەت بويىچە ئورۇنداش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ، بىرىنچىدىن، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىش-ئاشالماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە يوقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى يەنە بىر قاتلاش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. مۇبادا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا مەملىكىتىمىزدە نەچچە ئون مىليون ئاھالىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى يەنىلا ھەل قىلىنىپ بولالمىسا،ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىمىز تولۇق ئەمەلگە ئاشتى، دەپ ئېيتالمايمىز. ئىككىنچىدىن، پارتىيىمىز ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئورتاق بېكىتىش نىشانىدا چىڭ تۇرغان-تۇرمىغانلىقى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. 2000-يىلغا بارغاندا، خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغىنىغا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئىككى ئەۋلادنىڭ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىقمۇ نەچچە ئون مىليون كىشىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى يەنىلا ھەل قىلىنمىسا، يەنىلا نامرات پېتى تۇرۇۋەرسە، كوممۇنىستلارنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى قانداقمۇ ئىپادىلىگىلى بولسۇن؟ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى قانداقمۇ گەۋدىلەندۈرگىلى بولسۇن؟ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بىز ھەر دەرىجىلىك كوممۇنىستلار بۇ مەسىلىنى ئويلىساقلا خاتىرجەم ئۇخلىيالمايمىز، كېلىمىزدىن تاماق ئۆتمەيدۇ. گوۋۇيۈەننىڭ ” يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى “نى تۈزۈشىمۇ ئاممىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەرگىز كېيىنكى ئەسىرگە قالدۇرماي، چوقۇم مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مۇقىم ھالدا ھەل قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىدۇر، بۇ مۇھىم ستراتېگىيىلىك پىلان ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، سىياسىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىلا بولىدۇكى، يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبىرىي يولداشلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى سىستېمىلارنىڭ مەسئۇللىرى بۇ ۋەزىپىنى چوڭ ئىشلار قاتارىدا چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت بويىچە جەزمەن ئورۇندىشى لازىم.

2. ” يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى “ نى يولغا قويۇپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش شەرقىي

رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىشتىكى ستراتېگىيىلىك تەدبىردۇر.

ھازىر قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تامامەن مۇقىم ھالدا ھەل بولۇپ كەتمىگەن 80 مىليون ئاھالىنىڭ 80% تىن كۆپرەكى ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا مەركەزلەشكەن، ئۇنىڭ زور كۆپچىلىكى يەنە غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا يار-يۆلەك بولۇشنىڭ ئۆزى شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەسىلىنى توغرا ۋە ئەتراپلىق تونۇشىمىز لازىم. (1) پەرق ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمايدۇ. دۇنيا مىقياسىدا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت بولىدۇ، بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ئوخشاشلا پەرق مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنى تارىخىي، تەبىئىي، جۇغراپىيىۋى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي شارائىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار بەلگىلىگەن بولۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە پەرقنى پۈتۈنلەي يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. (2) پەرقنى ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن پەيدىنپەي كىچىكلىتىش، ئاخىردا يوقىتىش كېرەك. بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلەر، بىر قىسىم رايونلارنىڭ سەمىمىي ئەمگەك ۋە قانۇنلۇق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئارقىلىق ئاۋۋال بېيىشىغا ئىلھام بېرىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، شۇلار ئارقىلىق ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ۋە ياردەم بېرىشتىن مەقسىتىمىز ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ھەممەيلەن نامرات بولسا، ھېچكىم ھېچكىمگە ياردەم بېرەلمەيدۇ. بەزى رايونلار ئاۋۋال تەرەققىي تېپىپ، بىر قەدەر زور ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولسا، ئاندىن ئارقىدا قالغان رايونلارغا ياردەم بېرىشكە شەرت-شارائىت ھازىرلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: ” نامراتلىق سوتسىيالىزمغا خاس نەرسە ئەمەس.“ ( « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » ، 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 463-بەت ) ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ” سوتسىيالىزمدا ئاز سانلىق كىشىلەر بېيىپ، كۆپچىلىك كىشىلەر نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئىش بولمايدۇ“ ، ” سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى—ئورتاق بېيىش، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان نەرسە ئەنە شۇ“ . ( يۇقىرىقى كىتاب، 756-بەت ) پەرقنى كىچىكلىتىپ، ئورتلىق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىز كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. ئۈزۈنىسىغا قاراپ، ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ باقساق، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىرگە، نامرات رايونلارنىڭمۇ تەرەققىي قىلغۇاتقانلىقىنى كۆرىمىز؛ توغرىسىغا قاراپ باقساق، نامرات رايونلار بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ كېڭىيىشكە

قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، رايونلار ئارىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

**ئاۋۋال بېيىغان دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ۋە چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ نامرات رايونلارنى يېتەكلىشى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.** چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىش ۋە يار-يۆلەك بولۇشنىڭ مۇنداق ئىككى يولى بار، ئۇنىڭ بىرى، دۆلەتنىڭ مىللىي دارامەتنى ئىككىنچى قېتىم تەقسىم قىلىشى ئارقىلىق نامرات رايونلارغا ئېغىش. يەنە بىرى، ئاۋۋال بېيىغانلار بېيىمىغانلارغا ياردەم بېرىش، ئاۋۋال بېيىغانلار بېيىمىغانلارنى يېتەكلەش. بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر ۋە دېڭىز بويىدىكى ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان ئۆلكىلەرنىڭ بۇنداق قىلىش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن بۇ، ئاددىي، شەرتسىز ھالدا پۇل ۋە نەرسە بېرىش شەكلى بىلەن ئەمەس، ئاساسلىقى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئاساسىدا بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى يولغا قويۇش شەكلى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ شەكىللىرى ھەر خىل بولسا بولىدۇ، بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش يۈزىسىدىن، بايلىق مەنبەسىنى بىرلىشىپ ئېچىش شەكلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ؛ ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يۈزىسىدىن، تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسىنى، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلىش شەكلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش يۈزىسىدىن، مۇقىم سېتىش بازىرى بىلەن تەمىن ئېتىش شەكلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ؛ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش يۈزىسىدىن، ئەمگەك مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلىش شەكلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. دېمەك، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق نامرات رايونلارنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكى، ئەمگەك كۈچى ئۈستۈنلۈكى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ تېخنىكا، ئۇچۇر، مەبلەغ ئۈستۈنلۈكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، بايلىقنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق، شۇنداقلا پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشىغىمۇ پايدىلىق. بۇنداق ھەمكارلىقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، جەزمەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

**دۆلەت نامرات رايونلارغا مالىيە ۋە پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتىن يېتەرلىك دەرىجىدە ياردەم بېرىشى لازىم.** نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇشتا مۇناسىپ ھالدا مەبلەغ سېلىش لازىم، ئەلۋەتتە. مەبلەغ سېلىنمىسا، بايلىق ياراتقىلى بولمايدۇ، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇشتىن ۋە تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك مالىيىلەر، بانكىلار نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن مەبلەغنى ئاشۇرۇپ

سېلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئەمما نامراتلارنى يۆلەش ئىشى ئەمدى مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىردى. ئاممىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە تامامەن مۇقىم ھالدا ھەل قىلىشتا قىيىنچىلىق ناھايىتى زور، ۋاقتىمۇ خېلىلا قىس. مۇناسىپ ساندىكى مەبلەغ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلمىسە، بۇ نىشانغا يېتىش بەكمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. گوۋۇيۈەن بۇ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن ياردەم قىلىش مەبلىغى ئۈچۈن بىر مىليارد يۈەندىن، نامراتلارنى يۆلەش يۈزىسىدىن ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئۈچۈن بىر مىليارد يۈەندىن كۆپەيتىپ ئاجرىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. بۇندىن كېيىن مالىيە كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن سېلىنىدىغان مەبلەغنى يەنە داۋاملىق كۆپەيتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ نامرات رايونلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى مۇناسىپ ھالدا كۆپەيتىشى لازىم. بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەيدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ شەھەر ۋە گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ، شەندۇڭ، فۇجيەن، لياۋنىڭ قاتارلىق دېڭىز بويىدىكى ئالتە ئۆلكە ئۆز تەۋەلىكىدىكى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك، مەركەزدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى قىيىنچىلىقى بار ئۆلكە( ئاپتونوم رايون )لەرگە ئىشلىتىلىشى لازىم.

نامراتلارنى يۆلەشكە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىشتە ھۆكۈمەتكىلا تايىنىشقا بولمايدۇ، يەنە ئىجتىمائىي كۈچلەرگە تايىنىش، دۆلەت سىياسىتى يول قويىغان دائىرە ئىچىدە، كۆپ يوللار ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى جۇغلاش كېرەك.

**دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا نامرات رايونلارغا ئېغىش كېرەك.** غەربىي قىسىمدىكى نامرات رايونلار نۆۋەتتە بىر قەدەر قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رايونلارنىڭ مول بايلىقى بار، بۇ چوڭ بىر ئۈستۈنلۈك ھېسابلىنىدۇ. گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەندە نامرات رايونلارنىڭ بۇ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشى كېرەك. شەرت-شارائىتى ئوخشاش بولۇش شەرتى ئاستىدا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە، نامرات رايونلارغا كۆلىمى چوڭراق بەزى بايلىق ئېچىش تۈرلىرىنى، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، نامرات رايونلارنىڭ قالاقلىق ھالىتىنى تۈپتىن ھەل قىلىشتا، خېلى زور دەرىجىدە بۇ چوڭ تىپتىكى تايانچ قۇرۇلۇشلارنىڭ تۈرتكىسىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئىسلاھات ئارقىلىق خام ئەشيا-ماتېرىيال ۋە باشلانغۇچ مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى پەيدىنپەي ئىزىغا چۈشۈرۈش لازىم.** ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، خام ئەشيا-ماتېرىيال ۋە باشلانغۇچ مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىمۇ يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ھازىر باھا تۈزۈلمىسى، ئوبوروت تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى

تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەلپىگە ئاساسەن ئىسلاھ قىلىنماقتا. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئۆزىدىن چىققان ياغاچ ماتېرىيال، نېفىت، كۆمۈر ۋە رەڭلىك مېتاللارنى شۇنىڭدەك ھەر خىل بايلىق مەنبەلىرىنى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازارغا ئاپىرىپ تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. بۇ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم بىر تەدبىردۇر. ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى نامرات رايونلارمۇ ئىسلاھات-ئېچى- ۋېتىش كەلتۈرگەن پايدىلىق پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك.

**نامرات رايونلاردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ساپاسىنى ۋە پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.** بۇ-ئىنتايىن مۇھىم، تۈپ خاراكتېرلىك تەدبىردۇر. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، بىز نامرات رايونلاردا ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلاردىكى كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشىمىز كېرەك. ھازىر مەملىكەت مىقياسىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئىككى تۈرلۈك كەڭ كۆلەملىك ئېقىش مەۋجۇت. بىرى، نامرات رايونلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ غەربتىن شەرققە ئېقىشى، ئەمگەك-مۇلازىمەتنى سىرتقا چىقىرىش كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بېرىشى؛ يەنە بىرى، تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى ماھىر ئۇستىكارلارنىڭ شەرقتىن غەربكە ئېقىپ، غەربىي رايونلاردىكى شەھەر-يېزىلارنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارىلىشى. ئەمگەك-مۇلازىمەتنىڭ غەربتىن شەرققە ئېقىشى ھەم نامرات رايونلارنى دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلاردا يارىتىلغان كۆپلىگەن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ، ھەم نامرات رايونلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. بۇ بىر خىل ئالاھىدە شەكىلدىكى تەربىيىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماھىر ئۇستىكارلارنىڭ شەرقتىن غەربكە ئېقىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە، چەتكە تېخنىكا چىقىرىش شەكلىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، نامرات رايونلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە قاتلىمىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرەلەيدۇ، بۇ بىر تۈرلۈك تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئەسقاتىدىغان شەكىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئېقىش ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ۋە پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە داۋاملىق ئالغا سۈرۈش لازىم. جەمئىيەت تەرتىپىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىيانلارنى ئازايتىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەملىك " دېھقان ئىشچىلار دولقۇنى "نى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەي، پائال يېتەكلەپ، ئەقىلغا مۇۋاپىق، تەرتىپلىك ھالدا ئېقىش يولىغا سېلىش كېرەك.

**ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىش لازىم.** نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، ئاز-تولا يېزا-بازار كارخانىلىرى قۇرۇش، ئۈچىنچى كەسپنى

راۋاجلاندۇرۇش ھەقىقەتەن زۆرۈر. نامرات رايونلارنىڭ ئۆزىدە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرت-شارائىتى بار رايونلاردا نامرات رايونلارغا قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇشنى سىناق قىلىپ، پايدا ۋە باجنى نامرات رايونلارغا قايتۇرۇپ بېرىش، نامرات رايونلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى شۇ كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلىش، ئېھتىمال، نامرات رايونلارنىڭ كارخانا قۇرۇش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى يېڭىپ، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمىنى، پۇتكۇل نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

**ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم.** مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، چوڭ-ئوتتۇرا شەھەرلەر، تەرەققىي تاپقان رايونلار، سودا-سانائەت كارخانىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قاتارلىق ھەممە جەھەتلەر نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتناشتى، نامرات رايونلارغا مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بەرگەندىن سىرت، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن نامراتلارنى يۆلەش، پەن-تېخنىكا جەھەتتىن نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىن نامراتلارنى يۆلەش ئىشلىرىنى يولغا قويدى؛ نامرات رايونلارنىڭ چەتتىن قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشى ئۈچۈن ۋاستىچى بولدى ۋە ئەقىل كۆرسەتتى؛ بىرەر رايونغا ياردەم قىلىشنى ئۇ رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغىچە ھۆددىگە ئېلىشنى يولغا قويدى. مانا بۇ ئىشلار ئالدىنقى باسقۇچتىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى. بۇ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ نامرات رايونلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش بىلەنلا قالماستىن، بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنىمۇ ئىپادىلىدى. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ يەنىمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن مېھرى-شەپقىتىنى تەقدىم قىلىپ، تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمەنكى، دۆلەتنىڭ چوڭ تىپتىكى سودا-سانائەت، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئۆز كەسپىنى نامرات رايونلارغا كېڭەيتىپ، بەزى مەنپەئەت بېرىدىغان كەسىپ تۈرلىرىنى تاللاپ، ئۇنى نامرات رايونلارغا جايلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

نامراتلىقنى پەسەيتىش ۋە يوقىتىش دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەسىلە، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋە نۇرغۇنلىغان خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. جۇڭگودا نامراتلىقنى يوقىتىش دۇنيا بويىچە نامراتلىقنى يوقىتىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مەملىكىتىمىزنىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش جەھەتتە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك، خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگونىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشەنسۇن ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپرەك ياردەم بەرسۇن.

**نامرات رايونلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.** دۆلەتنىڭ يار-يۆلەك بولۇشىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ياردەم بېرىشىمۇ زۆرۈر، لېكىن نامرات رايونلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى تېخىمۇ مۇھىم. تاشقى ئامىل ئىچكى ئامىل ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، خېنەن ئۆلكىسىدىكى لىنشيەن ناھىيىسى، شۇنىڭدەك ئاۋۋال بېيىغان نۇرغۇن ناھىيە، يېزا، كەنتلەرنىڭ ھەممىسى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندى، ئۇلارنىڭ روھى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش لازىم. مۇشۇ يولنى تۇتقاندىلا، ئاندىن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش نىشانىغا يەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىداكارلىق روھىغا ئىگە، جاپا-مۇشەققەتكە چىدىيالايدىغان، ئاما بىلەن ئالاقە باغلىيالايدىغان ياخشى كادىرلارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، نامرات ناھىيىلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تولۇقلاپ ھەمدە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئىشلەپ، ئاممىنى باشلاپ قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

3 . "يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى" نى يولغا قويۇشتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، دەرىجىلەر بويىچە مەسئۇل بولىدىغان، ئۆلكىنى ئاساس قىلىدىغان ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم.

" يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى" دا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇش، ئۆلكىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى تەكىتلەندى، بۇنىڭغا مەن قوشۇلىمەن. ئۆلكىنى ئاساس قىلىش دېگەن سۆز ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئاساسىي مەسئۇل يولداشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، نامراتلارنى يۆلەش ئىشىنى ئۇبدان تۇتۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ دېگەنلىكتۇر، لېكىن ئۇنىڭدا يەنە بىر تەلەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ، ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تەلىپىدۇر. " يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى" نى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش

مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىر سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ قۇرۇلۇشى، سانائەت، سودا قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە، شۇنداقلا مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق ساھەلەرگىمۇ بېرىپ چېتىلىدۇ. مۇشۇ بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، نامراتلارنى يۆلەش ئىشىنى شۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقىنىڭ تۇتۇشى كۇپايە قىلمايدۇ، ھەر تەرەپنى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى ماسلاشتۇرۇش ئۈنۈمگە ئېغىر كېلىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى باشلىقىنىڭ بۇ ئىشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىللەپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

« يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى » نى بەلگىلىگەن مۇددەت بويىچە ئورۇنداپ، ئۆز رايونىدىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش-قىلالماسلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەققىي تۈردە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن-كۆزلىمىگەنلىكىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشتىكى بىر قاتتىق كۆرسەتكۈچتۇر. بىرەر ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنىڭ خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەن-ئىشلەنمىگەنلىكىگە قاراشتا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ تېز بولغان-بولمىغانلىقىغىلا قاراشقا بولمايدۇ، يەنە ئىش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولغان-بولمىغانلىقىغا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ تېز ياخشىلانغان-ياخشىلانمىغانلىقىغا، نامرات ئاھالىلەرنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنىڭ قايسى دەرىجىدە ھەل قىلىنغانلىقىغىمۇ قاراش كېرەك. بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلىرىمىز دىققىتىنى تەرەققىي تاپقان رايونلارغىلا قاراتماي، نامرات رايونلاردىكى قېرىنداشلارنىڭ دەرت-ئەلىمىنى تېخىمۇ كۆڭۈلگە پۈكۈشى لازىم. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەر « يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى » نىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۆزىنىڭ نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ئۇنىڭدا سۈرئەت جەھەتتە تەلەپ قويۇلۇپ، بۇ يىل قانچىلىك ھەل قىلىنىدىغانلىقى، كېلەر يىل قانچىلىك ھەل قىلىنىدىغانلىقى، قانداق ھەل قىلماقچى بولغانلىقى بەلگىلەپ قويۇلۇشى، كونكرېت پىلان بولۇشى لازىم. ھەر يىلى بىر قېتىم تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياخشى ئىشلىگەنلىرىنىتەقدىرلەش، ياخشى ئىشلىمىگەنلەرنى تەنقىد قىلىش، شۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ قىلچە بوشاشماي، ۋەزىپىنى مۇددەت بويىچە ئورۇندىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى قىلىپ، نۇقتىلىق ھالدا مەلۇم دائىرىدىكى نامرات رايونلار بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشتىن باشقا، يەنە « يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى

«دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىگە ئاساسەن، » يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى «نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە تەدبىرى سۈپىتىدە، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆز كەسپى، ئۆز سىستېمىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

« يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشان قىلىنغان نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى «نى يولغا قويۇش مۇشكۇل ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە. ئىشىنىمەنكى، ھەممىمىز ئىشەنچنى تۇرغۇزۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، جاسارەت بىلەن نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلا بولساق، » يەتتە يىل ئىچىدە 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى «دىكى كۆرەش نىشانىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يېڭى باسقۇچقا كىرگۈزەلەيمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

# يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يەنە يېڭى بىر بالداق كۆتۈرەيلى

ۋېن جياباۋ

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1992-يىلىنىڭ بېشىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنى بەلگە قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمۇ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

## 1. يېزا ئىسلاھاتى دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلار باشلامچىلىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن دۇنيا **كۆز تىككۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.** ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى: بىرىنچى، يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن خەلق كوممۇنىسى تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە بىر تۇتۇش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى؛ ئىككىنچى، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ راۋاجلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى؛ ئۈچىنچى، ئاشلىق-پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىم ئاشۇرۇپ بېرىش شەرتى ئاستىدا، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، شەھەر-يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە كېڭەيتىلىپ، يېزىلارنىڭ ئىش تۈرلىرىنى ۋە كەسىپلەرنى ئايرىش ئىشى بىر قەدەر تەرەققىي قىلدۇرۇلدى؛ تۆتىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش-بىر تۇتاش سېتىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى تازا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، يەر، ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ قاتارلىق ئامىللار بازىرى شەكىللەنمەكتە؛ بەشىنچى، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى

ۋە يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشەپ تىزگىنلىشى ياخشىلاندى، يېزا ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى ئىقتىسادىي چارىنى قوللىنىپ تەكشەش ئىشلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، بازارنىڭ رولى روشەن كېڭەيدى. ئىسلاھات يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئاساس سالدى.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ھازىر يېزىلار يەنىلا كونا تۈزۈلمىدىن يېڭى تۈزۈلمىگە بۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىسلاھات ۋەزىپىلىرى ئورۇندىلىشتىن خېلىلا يىراقتا تۇرماقتا. كونا تۈزۈلمە تېخى تۈگىتىلىپ بولالمىدى، بەزى جەھەتلەردە يەنىلا رولىنى كۆرسەتمەكتە؛ يېڭى تۈزۈلمە ئەمدىلا ئورنىتىلدى، كۆپ جەھەتلەردىن مۇكەممەللىشىپ بولالمىدى. يېزىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى سۇبيېكت ۋە مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى مۇكەممەل ئەمەس، يېزا بازارلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسى تېخى ئورنىتىلمىدى. نۆۋەتتە، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشى داۋامدا كېلىپ چىققان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر كونا-يېڭى تۈزۈلمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشى جەريانىدا كېلىپ چىققان مەسىلىلەر، كونا-يېڭى تۈزۈلمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈلمە توقۇنۇشىنىڭ ئىنكاسى، ئالغا بېسىش داۋامدا كېلىپ چىققان زىددىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا كېلىپ چىققان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چىقىش يولى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا.

پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئومۇميۈزلۈك ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېڭى تەلەپلەر قويۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلار جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، ئاساسلىقى، يېزا ئىگىلىكى بولۇپمۇ ئاشلىق-پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىكى قايچىسىمان پەرق چوڭىيىپ كەتتى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى. پارتىيىمىزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياسىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مۇشۇ جەھەتلەردە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە جاپاغا چىداپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق كۆچۈشى ۋە بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي بايلىقلارنىڭ تەقسىملىنىشىنى سەرخىللاشتۇرۇش لازىم؛ يېزا ئىگىلىكىنى بولۇپمۇ ئاشلىق-پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل ئىگىلىكنى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى ۋە باشقا

كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئۆز جايىدا يۆتكىلىشىنى ۋە ئەمگەك-مۇلازىمەتنىڭ تەرتىپلىك ھالدا سىرتقا چىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەش بىلەن دېھقانلار كىرىمىنىڭ تەڭ ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم؛ دېھقانلار كىچىك كۆلەمدە تارقاقلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىۋاتقان شارائىتتا، يېزا بازارلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ئوبوروتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جانلاندۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ سىرتقا يۈزلىنىشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپ-چىقىرىش بىلەن بازارنى باغلاش كېرەك؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى، ئۇنى قوللىشىنى، ئاسرىشىنى، تەڭشەپ تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىپ، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە كىرىم سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىپ، شەھەر-يېزىلارنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشىنى ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بۇ مەسىلە يېزىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك، بۇ مەسىلىنى كېيىنكى قەدەمدە يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا چوقۇم ھەقىقىي تۈردە ئوبدان ھەل قىلىش لازىم.

ھازىرقى باسقۇچتا قەدەم قويغان يېزا ئىسلاھاتىنى بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىك-لەرگە ئىگە: بىرىنچى، يېزا ئىسلاھاتى بارغانسېرى چوڭقۇر قاتلامدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىغا بېرىپ تاقىلىۋاتىدۇ، ئىسلاھات لايىھىلىرىنى تۈزۈش، پەيتىنى تاللاش، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى ئىگىلەش جەھەتلەردە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش لازىم؛ ئىككىنچى، يېزا ئىسلاھاتى بارغانسېرى شەھەرلەرنىڭ ئىسلاھاتى بىلەن ئارىلىشىپ بارماقتا، نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇنى ئۆز ئالدىغا ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايۋاتىدۇ، شەھەر-يېزا ئىسلاھاتىنى ماس ھالدا يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. يېزا ئىسلاھاتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ۋە مۇرەككەپلىكى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يېزا ئىسلاھاتى مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، ئىسلاھات ۋەزىپىلىرى تېخىمۇ مۇشكۈللەشتى، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ، تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 2. يېزا ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك

پارتىيىمىزنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىكەنلىكى بەلگىلەندى. بۇنى پارتىيىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن

ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، دۇنيادىكى ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىكى مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يەنە بىر ئىجادىي راۋاجى. 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «قارار»دا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى. يېزا ئىسلاھاتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشاننى چۆرىدەپ، يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

يېزا ئىسلاھاتى باشلىنىش بىلەنلا بازارغا يۈزلەندى، ئۇنىڭ مۇھىم ئىككى خۇسۇسىيىتى بار: بىرىنچى، دېھقانلارغا ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى تولۇق بېرىلدى، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلدى؛ ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى بازارغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىپ، بازار مېخانىزمىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە، يېزىلار بىر قەدەم ئالدىدا ماڭدى. يېزا ئىسلاھاتىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكى ئۇنىڭ يۆنىلىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھازىر، مەملىكىتىمىز يېزىلىرى قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىدىن زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن مۇشكۈل ئىككى چوڭ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى: بىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش، يەنە بىرى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش. بۇ ئىككى جەھەتتىكى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، كۆپ جەھەتلەردىن تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىق ئىش شۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، يېزا ئىسلاھاتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش پۈتكۈل ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى. ئېلىمىز يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرىنىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدارى چەكلىك، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازلاپ كېتىش ۋەزىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش تەس، نوپۇسنىڭ ئېشىشىغا ۋە كىرىم سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تەلىپى ئۈزلۈكسىز ئاشىدۇ. بۇ بىزدىن ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە تەمىنلەش بىلەن تەلەپنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز-



www.uyghurkitap.com

نى، ھەرگىز بېپەرۋالىق قىلماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈشتە، ئەڭ ئاساسلىقى، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداپ ۋە قوزغاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشلىق، پاختا، ياغ قاتارلىق ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان باھا سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، سېتىۋېلىش-سېتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر يېزا ئىگىلىكىكە سالىدىغان دەسمايىنى كۆپەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلىدۇر. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا سىياسىتى ئارقىلىق، سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىكى قايچىسىمان پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش زۆرۈر. لېكىن، دۆلىتىمىزدەك ئاھالىسى كۆپ، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى كۆپ دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، دېھقانلارنىڭ كىرىمى مەسىلىسىنى تولۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ باھا جەھەتتىن يار-يۆلەك بولۇشىغىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا، يېزا ئىقتىسادىنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئەڭ ئاساسلىق چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوبدان يولغا قويۇپ، قاقاس تاغلار، سۇلار، يايلاقلار، ساھىللار، ھويلىلار قاتارلىق غەيرىي تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە بېلىقچىلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ شەرت-شارائىتى بار جايلاردا مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈنۈمدارلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم؛ يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۇختا ھالدا ئېشىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەر ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ يېزا-بازار كارخانىلىرىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە مەركەزلىشىشكە يېتەكلەپ ۋە ئۇنى كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى تېزلىتىش ھەمدە يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇشقا شەرت-شارائىت يارىتىش لازىم.

مەيلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشكە كاپالەتلىك قىلىشتا بولسۇن، ياكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا بولسۇن، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازارنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي

جەمئىيەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلەش ئاستىدا، بايلىقنى تەقسىملەشتە ئاساسىي رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە يېزا ئىقتىسادىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ كىرگۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە ئومۇمىي تەمىنلەش مىقدارىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى بازار تەلىپىدىكى ئۆزگىرىشكە ماسلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ رايونلار ئارا ۋە تۈرلەر قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، چەكلىك ئىقتىسادىي بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك؛ يېزا ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئېقىمى كەڭ دائىرىدە ئېقىپ تۇرۇشىغا، تۈرلۈك ئىقتىسادىي بايلىقلارنىڭ مۇۋاپىق تەقسىملىنىشىگە، جايلارنىڭ سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈكىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا، دېھقانلار كىرىمىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمیۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك.

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىكتىن ھەرگىزمۇ يېزا ئىگىلىكىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە بولىدۇ دېگەن مەنا چىقمايدۇ. يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىلىكى ئۇزۇن، تەبىئەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدىغان، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن ئەمما ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان بىر تارماق بولۇپ، بازار رىقابىتىدە كۆپ چاغلاردا پايدىسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى ناھايىتى كىچىك، تەبىئەت كەلتۈرگەن خەيىم-خەتەرگە ۋە بازاردا بولغان خەيىم-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز؛ ئۇزاقتىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىدىن مەبلەغ جۇغلاپ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىنى تۇتۇپ كەلگەچكە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە شارائىتى ئاجىز بولۇپ كەلدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى ئىگىلەش مىقدارى ئىنتايىن چەكلىك بولغاچقا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە ئۈنۈملۈك تەمىناتنى ئاشۇرۇشنىڭ بايلىق جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىشى بىرقەدەر روشەن. بۇ خۇسۇسىيەتلەر شۇنى بەلگىلىدىكى، يېزا ئىگىلىك ساھەسىگە بازار مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش جەريانىدا، ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىكىگە قارىتا زۆرۈر بولغان يۆلەش تەدبىرى ۋە ئۈنۈملۈك بولغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش تەدبىرىنى قوللانمىسا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشتە چوڭ داۋالغۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ مۇقىم ھالدا ئېشىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ ئەنئەنىۋى تۈزۈلمە شارائىتىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى شۇ پېتى قوللىنىش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى، ئاساسلىقى ئىقتىسادىي ۋاسىتە ۋە قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك

تەڭشەشنى يولغا قويۇش، بۇنىڭ بىلەن بازارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەش ۋە قوغداش، بازارنىڭ مۇقىم ۋە ئاۋات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقانلارنىڭ ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈشى بىر جەريان بولىدۇ. بۇ جەرياندا، بىز يېزا ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىنى پۇختا ئىگىلەپ، تىرىشىپ شەرت-شارائىت يارىتىپ، يېزا ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

## 3. نۆۋەتتە يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلەر

مەركەز بۇ يىلقى خىزمەت ئۈچۈن بەلگىلىگەن ئاساسىي فاڭجېنغا ۋە " پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش " تەلىپىگە ئاساسەن، يېزا خىزمىتىدىكى ئاساسىي ۋەزىپە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» نى ۋە مەركىزىي يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ قوزغاپ؛ يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ۋە يېزا جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ ئوبدان ھەل قىلىش لازىم.

**بىرىنچى، ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق ئېقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي بايلىقلارنىڭ تەقسىملىنىشىنى سەرخىللاشتۇرۇش لازىم.**

ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىشنى ئاساس قىلغان قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يېزىلاردىكى بىر ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم بولۇپ، ئۇنى ئۇزاققىچە مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، يېزىلاردىكى ئىش تۈرلىرىنى، كەسىپلەرنى ئايرىش ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ، جۈملىدىن ئەمگەك كۈچى، يەر ۋە مەبلەغ قاتارلىقلارنىڭ مۇۋاپىق ئېقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، ئۇلارنىڭ بىرىكىش شەكلىنى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك. بۇ—يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تەلىپى، شۇنداقلا يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭمۇ تۈپ يولى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلەپچىقى-

رىش ئامىللىرى ئېقىشقا، قايتىدىن بىرىكىشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە، ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان ئاز سانلىق رايونلار يېزىلاردىكى ئىش تۈرلىرىنى ۋە كەسپلەرنى ئايرىش ئىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەر ھۆددىگەرلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى پاي قىلىپ قوشۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، يەر كۆلىمىنى مۇۋاپىق چوڭايتىپ باشقۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇشقا باشلىدى؛ بەزى نامرات رايونلار تاقىر تاغ، قاقاس يانباغىر، قاقاس ساھىل ۋە ئېچىپ پايدىلىنىلمىغان سۇلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئاشۇرۇپ سېتىش ئارقىلىق، غەيرىي تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى ئېچىشنى تېزلەتتى؛ ئىقتىسادى تازا تەرەققىي قىلمىغان بەزى رايونلاردىكى دېھقانلار ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى يېزىلارغا بېرىپ يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ تېرىدى. مەبلەغ ۋە ئەمگەك كۈچلىرىمۇ ھەر خىل شەكىلدە يۇرۇشۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. دېھقانلارنىڭ بۇ ئىجادىيەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركەز ئەستايىدىل خۇلاسىلەش ئاساسىدا، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئائىت بىر قاتار تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: يەرگە كوللېكتىپ ئىگىدارلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، تېرىلغۇ يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش، تەرەققىيات خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشقا يول قويۇش، يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ھەقلىق ئۆتۈنۈشكە يول قويۇش؛ يېزا-بازار كارخانىلىرىنى مۇۋاپىق تۈردە كىچىك شەھەر-بازارلارغا مەركەزلىشىشكە يېتەكلەش، كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىچىك شەھەر-بازارلارغا كىرىپ ئىش ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇش؛ يېزا ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتىنى قائىدىگە سېلىپ، ئۇنى ئامانەت-قەرز كەسپى بىلەن شۇغۇللانماي، ئىجتىمائىي رايون دائىرىسىدە يېزا ئىگىلىكىگە، دېھقانلارغا خىزمەت قىلىدىغان ئىجتىمائىي رايون خاراكتېرلىك مەبلەغ ھەمكارلىقى تەشكىللا-تىغا ئايلاندۇرۇش.

يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرە ئىچىدە مۇۋاپىق ئېقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مۇھىمى، بىر ياخشى ئېقىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۇرۇپ، ھەر خىل ئەھۋالغا باب كېلىدىغان ئېقىش شەكلى ۋە بىرىكىش شەكلىنى تېپىش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئېقىشى ئۈچۈن ياخشى تاشقى شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلاردا بارلىققا كەلگەن ھەر خىل تىپتىكى ھەسسىدارلىق ھەمكارلىق تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئېقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بايلىقنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش جەھەتلەردە بارغانسېرى چوڭ رول ئويناۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنداق تەشكىللىي شەكىل يېزىلارنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە مەلۇم دەرىجىدە ماسلىشىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى مۇھىم بىر خىل تەشكىللىي شەكىل بولۇپ قالدى، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا ئۇنى پەيدىنپەي قائىدىگە سېلىش لازىم. ھەسسىدارلىق ھەمكارلىق تۈزۈمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ھە-ھۇ بىلەنلا تۈتۈش قىلىشقا بولمايدۇ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا

خىلاپ ھالدا، مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق مەجبۇرىي يولغا قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ھەسسىدارلىق ھەمكارلىق تۈزۈمىنى نوقۇل مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلى قىلىۋالماي، دىققەت-ئېتىبارنى مۈلۈك ھوقۇقىنى ئېنىق ئايرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنۇملۇك بولغان مۈلۈك جۇغلاش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈش جەھەتلىرىگە قارىتىش لازىم. يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ باشقا ياخشى بىرىكىش شەكىللىرىمۇ بار، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، ھەر جاينىڭ ئەھۋالغا مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تاللاش، مەلۇم بىر خىل شەكىلگە ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك.

**ئىككىنچى، بازارنىڭ ۋاستىچى تەشكىلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ دېھقان ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتىنى بازار بىلەن ئۈنۈملۈك ھالدا باغلاش كېرەك.**

مەملىكىتىمىزدە دېھقان ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى كىچىك، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى پەيدىنپەي قويۇۋېتىلگەن شارائىتتا، بازارنىڭ ۋاستىچى تەشكىلاتلىرىنىڭ يېتىلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ، يېزىلارنىڭ بازار سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى بولۇپ، ئۇنى يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇش لازىم.

بازارنىڭ ۋاستىچى تەشكىلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئۇنىڭ شەكلىنىڭ ھەر خىل بولۇشىنى رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ھازىر يېزىلاردا بارلىققا كەلگەن تاشقى سودا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە سېتىشنى بىرلەشتۈرۈش، دېھقانلارنى شىركەتكە چېتىلدۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل شەكىللەردىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر، ھەر خىل شەكىللەردىكى دېھقانلار كەسپىي تېخنىكا جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېھقان ئائىلىلەر بىلەن بازارنى باغلايدىغان ئۈنۈملۈك تەشكىلىي شەكىل بولۇپ، كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە، ئۇلارغا زور مەدەت بېرىپ، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سۈرۈش كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، خەلقئارادىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلىپ، شۇنداق تونۇشقا كەلدۇقكى، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى تېخىمۇ ئوبدان قوغداش ئۈچۈن، ھەر خىل شەكىلدىكى كوپېراتسىيە ئىگىلىكى تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى تەشكىللىنىپ بازارغا كىرىشكە يېتەكلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يېزا كوپېراتسىيە ئىگىلىكى تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى تەلىپىنى ئاساس قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ھەمدە كوپېراتسىيە ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا ھەققىي چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتچىلىك سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى ئوبوروت، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەتچىلىكى ساھەلىرىگە قويۇش لازىم. بۇ ساھەلەردە كوپېراتسىيە ئىگىلىكى تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغاچقا، دېھقانلار قارشى ئالىدۇ. ھەر دەرىجىلىك سودا-تەمىنات كوپېراتىپلىرى ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى ھەقىقىي تۈردە دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيە ئىگىلىكى تەشكىلاتى قىلىپ چىقىشى ھەمدە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتچىلىك تەشكىلاتىغا قاراپ راۋاجلىنىشنىڭ يېڭى يولىنى پائال ئىزدەپ تېپىشى لازىم. يېزا-كەنتلەردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى پائال قۇرۇپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشى، كوللېكتىپ مۈلۈك ۋە مەبلىغىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىشى لازىم. قىسقىسى، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ۋاستىچى تەشكىلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلار بىلەن بازارنى باغلاپ، يېزىلاردىكى ئىش تۈرلىرىنى، كەسىپلەرنى ئايرىش ئىشىنىڭ تەرەققىياتىنى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش، تاۋارلىشىش ۋە ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**ئۈچىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلىشى دېگەندە، ئاساسەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىش ۋە دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشتە ئاساسەن ئىقتىسادىي چارە قوللىنىلىدۇ، نۆۋەتتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالاھىدە ياخشى تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى ئىزچىل كۆپەيتىش كېرەك. بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى پايدىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ئۈچراپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كەسىپلەرگە ئاقىدۇ، شۇڭا، يېزا ئىگىلىكى كۆپىنچە پايدىسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ھال ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى قوللىشىنى ۋە قوغدىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي دارامەتنى تەقسىم قىلىش ئەندىزىسىنى تەڭشەشتە دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى، مالىيە خام چوتى ئىچىدىكى مەبلىغى ۋە ئامانەت-قەرز مەبلىغىنىڭ يېزا ئىگىلىككە ئىشلىتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلارنى ۋە كوللېكتىپنى ئەمگەك ۋە مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشكە پائال ئىلھاملاندۇرۇشى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماددىي-تېخنىكا ئاساسىنى كۈچەيتىشى لازىم. ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، زاپاس ساقلاش ۋە تەڭشەش ئىشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، بازارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. ئاشلىق، پاختىنى سېتىۋېلىش-سېتىش جەھەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاشلىق قاتارلىق ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاپىسىنى تەڭشەش سىستېمىسىنى ۋە بازار خېيىم-خەتەر فوندىنى

---

¹ ئىزدىنىش ( تاللانما )

چىڭ تۇتۇپ بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. ئۈچىنچى، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سانائەت تەرەققىياتىغا يار-يۆلەك بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەشنى ياخشىلاش، خىمىيىۋى ئوغۇت، دىزېلىن قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق، باھاسى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش لازىم. دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئۈستىدىكى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى بوشاشماي ياخشى ئىشلەپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى داۋاملىق ئازايتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. تۆتىنچى، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتچىلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆپ خىل مۇلازىمەتچىلىك تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا-كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى، دۆلەت ئىقتىساد-تېخنىكا تارماقلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي ئېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق دېھقانلارنىڭ بىرلەشمە تەشكىلاتلىرى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەتچىلىك تورلىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا نىشان ۋە ۋەزىپە ئېنىق بولۇپلا قالماستىن، ئۇسۇلغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئىلگىرىكى ئون نەچچە يىللىق يېزا ئىسلاھاتىدا ھاسىل قىلىنغان نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بىرىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، دادىل سىناق ئېلىپ بېرىش، قاراپ بېقىشقا يول قويۇش، تالاش-تارتىش قىلماي، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ ئىككىنچى، دېھقانلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ ستىخىيىلىك ئىجادچانلىقى بىلەن رەھبەرلىكنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتەكلىشىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم؛ ئۈچىنچى، چوڭ-چوڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىدە، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، بەزىدە ئالدىن لايىھە تۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا يۇرۇشلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇش، بەزىدە ئالدىن قىسمەن جەھەتتە سىناق قىلىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن كېڭەيتىش لازىم؛ تۆتىنچى، ئاۋۋال ئاسانراقىنى، كېيىن قىيىنراقىنى ئىشلەش، بىر قەدەر ئوڭاي چۈشىدىغان ھالقىلار ۋە رايونلاردىن باشلاپ تۇتۇش قىلىپ پەيدىنپەي ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سىلىق ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم؛ بەشىنچى، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات داۋامىدىكى قىيىن نۇقتىنى ئىسلاھاتتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قىسقىسى، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقنى تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىش-قوللانماسلىقنى بەلگىلەش ۋە ئۇنىڭ پايدا-زىيىنىنى ئۆلچەشنىڭ

تۈپ ئۆلچىمى قىلىشىتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى كەڭ ۋە پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى جەريانىدىكى يەنە بىر ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئوخشاش راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق ۋاقىتتا ‹‹ ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش ›› فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە، يېزىلاردا ئورغۇنلىغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئاجىز، تارقاق ھالەتتە تۇرماقتا، بەزىلىرى ھەتتا رول ئوينىيالماس بولۇپ قالغان؛ بەزى جايلاردا ئىجتىمائىي تەرتىپ ياخشى بولمىغانلىقتىن، دېھقانلار كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىماقتا؛ بەزى جايلاردا فېئوداللىق خۇراپىيلىق باش كۆتۈرۈپ، ھەر خىل-ھەر ياڭزا رەزىللىك ئەھۋاللار يامرىماقتا. بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنمايدىغان بولسا، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت يۈكسەلمەيدىغان بولسا، ماددىي مەدەنىيەتمۇ يۈكسەلمەيدۇ، بىر مەھەل يۈكسەلگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا چۈشۈپ كېتىدۇ. بىز يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغان ۋاقىتتا، بۇ نۇقتىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، يېزىلارنىڭ ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئېغىر ھەم مۇشكۈل. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۇرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە يېڭى بىر باللداق كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشىمىز، ياخشى شارائىت يارىتىشىمىز كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار:ئايشەم تاۋار**

**ئەركىنجان**

**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر:ئايشەم تاۋار**

# ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

بۇ يىل دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانىغا قاراپ ھەر جەھەتتىن ئىلگىرىلەيدىغان ھالقىلىق بىر يىل، ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش مەركەز بەلگىلىگەن چوڭ ئىشنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق دىئالېكتىك بىرلىكى بولغان، ئۆزئارا باغلانغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇناسىۋەتتە بولۇپ، جەمئىيەتنى ھەر جەھەتتىن ئالغا سىلجىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۈچ چوڭ تايانچتۇر. ئىسلاھات—ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، تەرەققىيات—مەقسەت، مۇقىملىق—ئىسلاھات، تەرەققىياتتا كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت، ئەينى ۋاقىتتا، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتمۇ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىغا پۇختا ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. بىز چوقۇم چوڭ ئىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئوبدان يولغا قويۇشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ بىرسى يېتىشىپ ماڭالمايدىكەن، قالغان ئىككىسىگە تەسىر يەتمەي قالمايدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئومۇمىي ۋەزىيەتمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ.

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش—ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. ئىسلاھات—سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر تەڭشەش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى قانچىكى ئالغا ئىلگىرىلىسە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق شارائىت شۇنچە ھازىرلىنىدۇ. دۆلىتىمىز ئىگىلىكىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا بەزى زىددىيەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلارمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسى مۇكەممەل بولماسلىق، ئىقتىسادىي قۇرۇلما مۇۋاپىق بولماسلىق، مەركەز مالىيىسىگە تەۋە باج ئېغىر دەرىجىدە نېرى-بېرى بولۇپ كېتىش؛ مۇقىم مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ

كۆلىمى زىيادە چوڭ بولۇپ كېتىش، مال باھاسىنىڭ ئېشىش ھەجمى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇش، ئىقتىساد ئېششىنىڭ ” بوغما كەسپلەر “ بىلەن چەكلىنىشى ئېغىرلىشىپ كېتىش ۋە پۇل پاخاللىقى بىسىمى چوڭىيىپ كېتىش؛ شۇنىڭدەك ئاز بولمىغان چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى بىرقەدەر قىيىن ئەھۋالدا قېلىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنى مۇستەھكەم بولماسلىق ۋەھاكازالار. بۇلار كونا تۈزۈلمىنىڭ ئىللەتلىرىنىڭ تامامەن تۈگىتىلمىگەنلىكى بىلەن يېڭى تۈزۈلمە مېخانىزمىنىڭ مۇكەممەللەشمەگەنلىكى تەڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ئىسلاھاتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا ئىلگىرىلىتىش داۋامىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان چوڭقۇر قاتلامدىكى مەسىلىلەردۇر، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۆتكەن يىلدىن بېرى، مەركەز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەرەققىيات تەلپىگە ئاساسەن، ئىسلاھاتنى نۇقتىلىق بۆسۈپ ئۆتۈش بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىلىتىش بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى باسقۇچقا ئېلىپ كىردى، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان كارخانا ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بازار سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىسلاھات لايىھەلىرىنى تۈزدى ۋە ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يېڭى تەدبىر ۋە يېڭى لايىھەلەر ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلپى ۋە ئۈنۈملۈك كاپالىتى. ئەگەر ئۇلارنى ئەستايىدىل، ئۆز ۋاقتىدا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرمىسەك، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانى ئۇزىراپ كېتىپ، ئىگىلىكنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئىسلاھاتتىن ئىبارەت ” مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى “ نى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورناتساق، ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشكە مۇھىم ئاساس سېلىۋالىمىز. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچىنى ئىسلاھاتقا قارىتىپ، ئىنچىكە ئويلاپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىسلاھاتنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دادىل ئىزدىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆز ۋاقتىدا تەجرىبە يەكۈنلەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا كۆرۈلگەن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى پۇختا ھەل قىلىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى جەزمەن كۆزلەنگەن نىشانغا يەتكۈزۈشى كېرەك.

تەرەققىيات—چىڭ قائىدە، ئۇ، ئىسلاھاتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى، ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاخىرقى ھېسابتا تەرەققىيات ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى لازىم. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى مول ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىقتىسادنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشتە. تەرەققىياتتا يېڭى

پىكىر، يېڭى ئۇسۇل بولۇشى كېرەك. يېڭى پىكىر، يېڭى ئۇسۇل ئىسلاھاتتىن كېلىدۇ. تەرەققىيات ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ھالقىدىن چەتنەپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىز كونا تۈزۈلمىدە، كونا ئۇسۇلدا ماڭماي مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ئىسلاھات ئارقىلىق يېڭى تۈزۈلمە ئورنىتىپ، يېڭى ئۇسۇل ياراتقاندىلا، ئاندىن تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. تەرەققىياتنى تەكىتلىگىنىمىزدە، تىرىشىپ ئومۇمىي مىقدارنى ئاشۇرۇش بىلەنلا قالماي، ئىقتىسادنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، تېخنىكىنى ئۆزگەرتىش، يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش ئارقىلىق ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشىمىز، قارىغۇلارچە مەھسۇلات قىممىتىنى قوغلىشىدىغان ۋە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىدىغان يىرىك ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن ئىبارەت كونا يولغا قايتماسلىقىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ نورمال ھەرىكىتى ۋە ساغلام تەرەققىياتىدا كەسىپلەر بىلەن كەسىپلەرنىڭ، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇقنىڭ ماسلىشىشىغا، ئۈنۈم بىلەن سۈرئەتنىڭ بىردەكلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلىگەن ۋاقىتتا، قىسمەن مەنپەئەتنى دەپ ئومۇمىي مەنپەئەتنى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى دەپ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنى قۇربان قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. قىسمەنلىكنى ئومۇملۇققا بويسۇندۇرغاندا، ئومۇملۇق قىسمەنلىككە ئېتىبار بەرگەندە، ئاندىن قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇقنى ئورتاق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا سۈرئەت بىلەن ئۈنۈم چوقۇم تەڭ ئىلگىرىلىشى كېرەك. سۈرئەتنى مادارىمىزغا قاراپ بەلگىلىشىمىز، سۈرئەتنىڭ ھەم تېز بولۇشىنى، ھەم پۇختا، ئىشەنچلىك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئۈنۈمنىڭ سۈرئەتكە ماس قەدەمدە ئۆسۈشكە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. مانا مۇشۇنداق تەرەققىيات ئەمەلىي تەرەققىياتتۇر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش تەلىپىگە ماس تەرەققىياتتۇر، شۇنداقلا مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن زۆرۈر تەرەققىياتتۇر.

ئىسلاھات، تەرەققىيات مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىتقا موھتاج. مۇقىملىق بولمايدىكەن، ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدىكى ئىقتىسادنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، جۇڭگونىڭ تارىخىدىمۇ، چەت ئەللەرنىڭ تارىخىدىمۇ مۇنداق قانۇنىيەت نامايەن بولماي قالمىدى. پەقەت سىياسەت مۇقىم، جەمئىيەت مۇقىم، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقان شارائىتتا، ئىسلاھاتنى ئاندىن تەرتىپلىك ئېلىپ بارغىلى، تەرەققىياتتا كۆزلەنگەن نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. مۇقىم بولمىغاندا، ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، ئىسلاھاتنى ئوبدان ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، تەرەققىياتتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ” مۇقىم شارائىت بولمايدىكەن، ھەممە ئىش تۈگىشىدۇ، قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتمۇ قولدىن كېتىپ قالىدۇ “. ئەلۋەتتە، ئىسلاھات، تەرەققىياتمۇ مۇقىملىققا نىسبەتەن ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئىسلاھات ئارقىلىق، ئەسلىدە بار بولغان ئىللەتلەر ۋە زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، تېخىمۇ ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق بولغان يېڭى تۈزۈلمىنى ئورناتقىلى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا

مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭمۇ ئىشەنچلىك يولى ۋە توپ كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىك زور ستراتېگىيىلىك مەسىلىدۇر. ئىسلاھاتنى قانچىكى چوڭقۇرلاشتۇرغانسېرى، تەرەققىياتنى قانچىكى تېزلەتكەنسېرى، مېڭىمىزنى شۇنچە سەگەك تۇتۇشىمىز لازىم. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، توغرا ھۆكۈم قىلىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىقتىساد بەك قىزىپ كېتىش ۋە پۇل پاخاللىشىپ كېتىش مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ، بۇ يىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ سېلىش كۆلىمىمۇ كىچىك ئەمەس، ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا ” بوغما كەسپلەر “ چەكلىمىسى ۋە پۇل پاخاللىشىش بېسىمى چوڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بەزى رايونلار ۋە بەزى تارماقلار قارىغۇلارچە مەھسۇلات قىممىتىنى، سۈرئەتنى قوغلىشىدىغان ۋە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىۋېتىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا ئاز ئەمەس. ئەگەر مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ئېغىر دەرىجىدە تىزگىنسىز بولۇپ قالىدىغان بولسا، پۇل پاخاللىشىش ۋە مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىش ئەھۋالىنى مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ. بۇ ھال ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بىردەم راسا ئۆرلەپ، بىردەم راسا پەسىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ. مال باھاسى زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كەتسە، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولىدۇ ۋە جەمئىيەتتە تىنچسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت چوڭ ئىشقا دەخلى يېتىدۇ. دېمەك، بۇ مەسىلە ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا بۇ مەسىلىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش لازىم. جايلار ۋە تارماقلار چوڭ ئىشنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق تەرەققىيات سۈرئىتىنى بېكىتىشى، مەركەزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ئۇنۇمۈرسال تەڭشەش، ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن تەكشۈرۈلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىگە ئاكتىپ ماسلىشىشى كېرەك.

ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى كۆزدە تۇتۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ۋە يېزا ئىگىلىك خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئوبدان ئىشلەش كېرەك. چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىكى—خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئاساسى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ۋە مۇقىملىقنىڭ ئاساسى. بۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ

ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىش-راۋاجلىنالماسلىقىنى بەلگىلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر، دېھقانلار ۋە كادىرلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى بىلەن يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ياخشى بىلىپ بېرىش ئومۇمىيلىقىقا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا خىزمەتلەردە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئويناش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ ئالاقىسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنى، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، بىرلىكتە چوڭ ئىشنى قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقىمۇ پايدىلىق. جايلار ۋە تارماقلار چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش ئىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش ئىشنى چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىشى، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى پائال ياخشىلاپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە تەرەققىيات ئىمكانىيىتىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش ئىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلەپ، ھەقىقىي كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىشى، ئاشلىق ۋە پاختا مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم ئېشىپ بېرىشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى ئىزچىل يۈكسەلدۈرۈپ، تۈرلۈك چارە-ئاماللار بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشى لازىم.

ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى ئاساس قىلىپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدا كۆرۈلگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك. ئىسلاھات مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش دېمەكتۇر، شۇڭا، مۇقەررەر ھالدا يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ، بۇ مەسىلىلەر ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنمىسا، چوڭ ئىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار يېڭى ۋەزىيەتتە كۆرۈلگەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا پەرق ئېتىشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەك. شەھەر بىلەن يېزىنىڭ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلار بىلەن دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسىنى، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تەقسىمات ئادىل بولماسلىق ۋە كىشىلەرنىڭ كىرىم پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كېتىش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. ئىسلاھات نەتىجىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك زور دەرىجىدە ئۆستى، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كىرىمى

سەل ئاز ياكى ئۇلار ھېلىمۇ نامرات ئۆتۈۋاتىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ۋە يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ دەردى-ھالىنى ئويلاپ تۇرۇشى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار بىر قىسىم ئاممىغا چوقۇم ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردەم بېرىشى كېرەك. مال باھاسىنى قويۇۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تاۋارلارنىڭ باھاسىنى بازار ئارقىلىق تەڭشەشكىلا تايىنىش بىلەن تۇراقلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق مال باھاسىنى تىزگىنلەش لازىم. جايلار قوشۇمچە يېمەكلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى لازىم.

ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى ئاساس قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش—پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا تاقىلىدىغان تۈپ مەسىلە. ئەگەر چىرىكلىكنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە يول قويىدىغان بولساق، خەلقنىڭ مايىللىقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىمىز، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرگەن تەقدىردىمۇ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش قىيىنغا چۈشىدۇ. ھازىر چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى يەنىلا ناھايىتى مۈشكۈل، شۇڭا چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا مۇھىمى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئوبدان بىرلەشتۈرۈش، ئاممىغا تولۇق تايىنىپ، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشى بولمىسا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇ مەسىلىگە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەپ ھەل قىلىشى لازىم. خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە ۋە لۈكچەك، ئوغرىلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، بىر قول قاتتىق، بىر قول بوش بولۇش ئەھۋالىنى قەتئىي تۈزىتىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش ئىشىنى تۈپ ئاساستىن ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى-

نى ئۇبدان بىر تەرەپ قىلىشىمىزدىكى ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساس. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىدا مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە توغرا، ئىلمىي بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، باش شۇجى جياڭ زېمىنمۇ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا ۋە بىر قاتار سۆزلىرىدە مۇپەسسەل بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە تەتبىقلايدىغانلا بولساق، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىسلاھات، تەرەققىياتتا يېڭى تەتجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغدىيالايمىز، ئۈزلۈكسىز تۈردە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش مۇنبىرى.

# پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى ئاكتىپ ھالدا قولغا كەلتۈرەيلى ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنايلى

## —دېڭ شياۋپىڭنىڭ خەلقئارا ستراتېگىيە توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

لى جۇڭجېي

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىدا خەلقئارا مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان مەزمۇنلار كۆپ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ماقالىلىرىدە ياكى سۆھبەتلىرىدە چىگىش-مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، بىزگە خەلقئارا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر بىر يۈرۈش ستراتېگىيىلىك قائىدىلەرنى تۈزۈپ بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ خەلقئارا ستراتېگىيىسى مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى، ئېنىق-تەكتىدىن ئالغاندا، پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى ئاكتىپ ھالدا قولغا كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش.

## جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتى پايدىلىق تاشقى مۇھىتقا موھتاج

ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرنى بارغانسېرى زىچ بىرلەشتۈرۈپ بارماقتا. دۇنيادىكى ھەرقانداق چوڭ-چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا جۇڭگو قاتناشمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى؛ ئەكسىچە، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىمۇ دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ” ھازىرقى دۇنيا—ئوچۇق دۇنيا “ دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. (« دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما »، 3-توم، 130-بەت. تۆۋەندىكى بۇ كىتابتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرگە بەت

نومۇرىلا بېرىلدى ) " تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىشكنى تاقىۋېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارساق، ئىشىمىزنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ." (157—158-بەتلەر) بىز يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئىسلاھات ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىپ، زامانىۋىلاشتۇ-رۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرىمىز. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىمىزغا تايىنىشىمىز كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياخشى تاشقى مۇھىتقىمۇ ئېھتىياجىمىز. مۇشۇنداق خەلقئارا مۇھىت بولمىغاندا، بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز ۋە تەرەققىياتىمىز تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ يادرولۇق نىشانلىرىدىن بىرى جۇڭگو ئۈچۈن پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

خەلقئارا مۇھىت، ئومۇمەن، بىخەتەرلىك مۇھىتى ۋە تەرەققىيات مۇھىتى دەپ ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىخەتەرلىك مۇھىتى دېگەندە، ئاساسلىقى، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقى، شۇنىڭدەك دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تاشقى شارائىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر دۇنيا قاتتىق ئۇرۇش ۋە داۋالغۇش ئىچىدە تۇرىدىغان بولسا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مۇستەقىللىكى ۋە بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرايدۇ-دە، بىزنىڭ خاتىرجەم قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىز ئىنتايىن قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈش دېگىنىمىز ئالدى بىلەن تىنچ مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979-يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: " بىزنىڭ تاشقى سىياسىتىمىز، ئۆز ئېلىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر تىنچ شارائىتنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەيدۇ. بۇ يالغان گەپ ئەمەس، راست گەپ. " ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما ( 1975—1982)» ،352-بەت ) شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە مۇشۇ نۇقتىنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، قايتا-قايتا مۇنداق دېدى: « پۈتۈن زېھىن بىلەن ئىچكى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جۇڭگوغا كەم دېگەندە 20 يىل تىنچلىق كېرەك. " ( 102-بەت ) كېيىن ئۇ كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان پۈتكۈل ستراتېگىيىلىك نىشانغا ئاساسەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: " بىز تىنچلىقنىڭ ئاز دېگەندە 70 يىل داۋام قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. " ( 517-بەت )

تەرەققىيات مۇھىتى دېگەندە، ئاساسلىقى، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى، ھەر تۈرلۈك بايلىقلار ۋە بازار ئامىللىرىنىڭ تارقىلىش، ئايلىنىش ئەھۋالى شۇنىڭدەك چەت ئەللەر بىللەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىككى تەرەپلىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىگىلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، بىر-بىرىگە باغلانغان، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بىر دۆلەت چەتنىڭ مەبلىغىدىن، بايلىق-

دىن، ئىختىساس ئىگىلىرىدىن، پەن-تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشقا، ئىچكى بازارنى ئېچىش بىلەن بىرگە خەلقئارا بازارنى ئېچىشقىمۇ ماھىر بولغاندىلا، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلالايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشانىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگو ئىشىكنى ئېچىۋەتمىسە، خەلقئارا ئالاقىنى كۈچەيتمىسە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى، ئىلغار پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە مەبلىغىنى كىرگۈزمىسە بولمايدۇ؛ ئەگەر ئىشىكنى ئېچىۋەتمىسە، ئىككى قاتلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىنغا چۈشىدۇ، ئىككى قاتلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: "بىز مەۋقەيىمىزنى يەنىلا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئۈستىگە قويىمىز، لېكىن بىز ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياستىنى يولغا قويۇپ، خەلقئارا تىنچ مۇھىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزگە پايدىلىق نەرسىلەرنى تېخىمۇ كۆپ قوبۇل قىلىمىز، بۇنداق قىلىش تەرەققىياتىمىزنى تېزلىتىش ئۈچۈن بىر قەدەر پايدىلىق." ( 262-بەت ) ئۇ ستراتېگىيىلىك ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، تەرەققىيات مۇھىتى دېگەندە ئاساسلىقى جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە جەنۇب بىلەن جەنۇبنىڭ ھەمكارلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارىدى. مەملىكىتىمىز ئۈچىنچى دۇنياغا مەنسۇپ، يەنى جەنۇب تەرەپتىكى دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ، لېكىن ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ، تېخنىكا ئاساسەن شىمال تەرەپتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پايدىلىق تەرەققىيات مۇھىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، بىرىنچىدىن، جەنۇب بىلەن جەنۇبنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، ئىككىنچىدىن باراۋەر بولۇش-ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا شىمال تەرەپتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش كېرەك. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، خەلقئارا يېڭى ئىقتىسادىي تەرتىپ ئورنىتىش كېرەك.

پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ تۈپ مەقسەت مۇشۇنداق مۇھىت ۋە شارائىتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش. تەرەققىيات—چىڭ قائىدە. تەرەققىيات سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئىككى خىل تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇسابىقىلىشىش، بەسلىشىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقى. "ئەگەر ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋردە، سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئاستا بولسا، ئەۋزەللىك دېگەندىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟" («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما (1975—1982)»، 210-بەت) خەلقئارا مۇھىت بىزنى جەڭگە چاقىرىپ، تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە مەجبۇر قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلقئارا مۇھىت بىزنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشىمىزگە پۇرسەتمۇ يارىتىپ بەردى.

# ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، خەلقئارا مۇھىتنىڭ بىزگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى پۇختا ئىگىلىشىمىز كېرەك

خەلقئارا ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىش بىزنىڭ تاشقى سىياسەت ۋە ئىچكى فاڭجېنلىرىنى تۈزۈشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى.

ئىلگىرى خەلقئارا بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە قارىتا تازا ئەتراپلىق ھۆكۈم چىقىرالمىغانلىقىمىز، ئۇرۇشنىڭ پارتلاش خەۋپىنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئىچكى قۇرۇلۇش ۋە تاشقى سىياسەتنى خېلى زور تەسىرگە ئۇچراتقاندۇق. 70-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارا بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە يېڭىباشتىن سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ، تىنچلىق ئامىلى ئېشىۋاتىدۇ، دۇنيا ئۇرۇشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن، دېگەن مۇھىم يەكۈننى چىقاردى. 1985-يىل 6-ئايدا، ھەربىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، ئۇ خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، دۇنيا ئۇرۇشىدىن ساقلىنىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسىتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇپەسسەل شەرھلەپ، ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: ”خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يۈز بەرمەسلىك ئېھتىمالى بار، دۇنيا تىنچلىقنى قوغداشتىن ئۈمىد بار. بىز دۇنيا ۋەزىيىتى ئۈستىدىكى مۇشۇ تەھلىلگە ھەمدە ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت ئۈستىدىكى تەھلىلگە ئاساسلىنىپ، ئۇرۇش خەۋپى يېقىنلىشىپ قالدى دەپ ھېسابلايدىغان بۇرۇنقى قارىشىمىزنى ئۆزگەرتتۇق.“ (260-بەت)

دۇنيا ۋەزىيىتى ئۈستىدىكى بۇ مۇھىم ھۆكۈم بىزنىڭ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىۋېلىشىمىز، ئاساسىي لۇشيەننى ۋە ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشاننى تۈزۈشىمىزنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. كېيىنكى پاكىتلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى.

80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا شەرقىي ياۋروپا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا كەينى-كەينىدىن زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. دۇنيا زور بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىردى. بۇ ۋاقىتتا قانداق قىلىپ خەلقئارا ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىش يەنە بىزنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىپ فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۈزۈشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالدى. شەرقىي ياۋروپادا ئەمدىلا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقان چاغدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى توغرا مۆلچەرلەپ ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىپ، بىزدىن خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ زور ئۆزگىرىشكە قارىتا ئىدىيە جەھەتتە ياخشى تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ” شەرقىي ياۋروپانىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مالىمانچىلىق ئىچىدە قېلىشىدىن، مېنىڭچىمۇ، ساقلانغىلى بولمايدۇ. “ ”جاھانگىرلار سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى ئاينىتىۋېتىشكە چوقۇم ئۇرۇنىدۇ، ھازىر گەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بايرىقى ئۆرۈلۈش-ئۆرۈلمەسلىكتە ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىدا مالىمانچىلىق بولماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالمايدۇ، گەپ جۇڭگونىڭ بايرىقى ئۆرۈلۈش-ئۆرۈلمەسلىكتە. “ ( 664-، 665-بەتلەر ) بۇ مۆلچەر پۈتۈن پارتىيىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە ئۆز ۋاقتىدا بېرىلگەن سىگنال. شەرقىي ياۋروپادا زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو بىر مەزگىل ئىنتايىن جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنىدى. بەزىلەر، ۋەزىيەتنىڭ سەلبىي تەرىپىلا بار، دەپ ھېسابلىدى، لېكىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ قارىدى: ” ھەممىنى قاراڭغۇ جاڭگال دەپ قارىساق، ۋەزىيەت يامانلىشىپ ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ يەتتى دەپ ھېسابلىساق، ئۆزىمىزنى ئىنتايىن پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق دېسەك بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس. “ (736-بەت )ئۇ پايدىسىز شارائىتتا پايدىلىق تەرەپلەرنى، قىيىن شارائىتتا يورۇقلۇقنى كۆردى، ئۇنىڭ بۇ خىل ئەتراپلىق ۋە دېئالېكتىك ۋەزىيەت قارىشى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىنى ۋە جاسارىتىنى ئاشۇردى.

بۇلا ئەمەس، ۋەزىيەت ئۈستىدىكى تەھلىل ۋە ھۆكۈم پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش-تۇرماسلىق، بەلگىلەنگەن تاشقى ستراتېگىيىلىك فاڭجېندا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش-تۇرماسلىق مەسىلىسىگىمۇ بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ زور ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، كەسكىن ھالدا مۇنداق سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئاساسىي لۇشيەننى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ! ئۆزگەرتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى 100 يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش لازىم! جۇڭگودا مالىمانچىلىقتىن، ئۆزگىرىپ بېرىشتىن تۈپتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇھىم نۇقتىنى ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ،ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەك.

تاشقى ستراتېگىيىلىك فاڭجېندىمۇ شۇنداق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ قارىدى: دۇنيادا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ” بىزنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەر توغرىسىدا بۇرۇن بەرگەن بىرمۇنچە تەبىرىمىز يەنىلا ئىز بېسىپ تۇرالايدىغاندەك قىلىدۇ. ھازىر كونا تۈزۈلمە ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئۆزگەرتىش ئاياغلاشقىنى يوق، يېڭى تۈزۈلمە تېخى شەكىللەنمىدى. تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەسىلىدىن تىنچلىق مەسىلىسى تېخى ھەل قىلىنمىدى، تەرەققىيات مەسىلىسىدە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. “ (734-بەت ) مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تىكلىشى، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىزگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئىگىلەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ پائالىيەت سورۇنىنى كېڭەيتىشى، ئۆزىنىڭ تۇتقان ئورنىنى مۇستەھكەملىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. خەلقئارا مۇناسىۋەتتە، توغرا دىپلوماتىك ستراتېگىيە ۋە توغرا دىپلوماتىك پرىنسىپتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، پايدىسىز ئامىللارنى تۈگىتىپ، تېخىمۇ كۆپ دوستلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىزگە قارىتىلغان قامال ۋە جازانى بۇزۇپ تاشلاپ، تاشقى مۇھىتنى ياخشىلىشى لازىم.

# توغرا ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا قوللىنىپ،جۇڭگو ئۈچۈن پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

خەلقئارا ۋەزىيەت بىرىكمە كۈچ پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەر خىل كۈچ ۋە ئامىللاردىن تۈزۈلگەن مەلۇم ئۇنىۋېرسال ئاساسىي قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. جۇڭگو خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلىيەلەشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگو بىر مىلياد، 100 مىليون ئاھالىگە، بىرقەدەر قۇدرەتلىك دۆلەت كۈچىگە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمىي ئەزا دۆلەتلىك ئورۇننى ئىگەللىگەن دۆلەت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى سۆز-ھەرىكەتلىرى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز مۇۋاپىق بولسىلا، بىز خەلقئارا ۋەزىيەتنى جۇڭگوغا تېخىمۇ پايدىلىق بولغان تەرەپكە قاراپ ئازدۇر-كۆپتۇر بۇرالايمىز. گەپ بەلگىلىك ئوبيېكتىپ شارائىتتا سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى قانداق جارى قىلدۇرۇشتا. يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارا سەھنىدە جۇڭگونىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جۇڭگو ئۈچۈن پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن، جۇڭگونىڭ ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، بىزگە بىر قاتار مۇھىم ستراتېگىيىلىك، تاكتىكىلىق پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ بەردى.

بىرىنچى، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پرىنسىپ، بۇ بىزنىڭ خەلقئارا بىخەتەرلىك مۇھىتىنى ياخشىلاشتىكى ئەڭ مۇھىم نىشانىمىز . يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى : „ دۇنيا تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش جۇڭگونىڭ تاشقى سىياسىتىدە كۆزلەنگەن نىشان، بىز تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش شەرتى ئاستىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلىتىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىمىز.“ (115-بەت ) جۇڭگو بارلىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، „ ئۇرۇش بولماسلىقىنى سەممىي ئارزۇ قىلىدۇ “. (115-بەت) دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش، ھەربىي ھازىرلىقلارنى بولۇپمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرىنى قىسقارتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جۇڭگو خەلقئارا تالاش-تارتىشلارنى „ ئۇرۇش ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، تىنچ يول بىلەن “(100-بەت) ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىككىنچى، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پرىنسىپ. „ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش لازىم. “ (114-بەت) „ ئىلگىرى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى زومىگەرلىك قىلدى. دەيتتۇق، ھازىر غەربتىكى يەتتە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىمۇ زومىگەرلىك قىلىۋاتىدۇ، زوراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. “ „ ئۇلارنىڭ

كىشىلىك ھوقۇقى، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە دېگەن بىرنېمىلىرى ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە تايىنىپ ئاجىز دۆلەتلەرنى بوزەك ئېتىدىغان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ، باي دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى، زومىگەرلەرنىڭ، زوراۋانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئاشۇ بىرنېمىلىرىگە ئەزەلدىن پىسەنت قىلغىنىمىز يوق “ (721-بەت )، جۇڭگو ئۈچىنچى دۇنياغا مەنسۇپ، ” جۇڭگو مەڭگۈ زومىگەر بولمايدۇ، باشقىلارنى مەڭگۈ بوزەك قىلمايدۇ، مەڭگۈ ئۈچىنچى دۇنيا تەرەپتە تۇرىدۇ. “ (113-بەت)

ئۈچىنچى، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پرىنسىپ. بۇ ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى، بۇ ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى مەسىلىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 12-قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق دەپ ئېلان قىلدى: ” مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىلگىرى بىزنىڭ مەۋقەيىمىز بولغانىدى، ھازىرغىچە بىزنىڭ مەۋقەيىمىز بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. “ ( 5-بەت ) ئىككىنچى، دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى. ” بىز مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرىمىز، ھەرقانداق گۇرۇھقا قاتناشمايمىز. بىز ھەممە دۆلەت بىلەن باردى-كەلدى قىلىمىز، ھەممە دۆلەت بىلەن دوست بولىمىز. “ ( 331—332-بەتلەر ) ” جۇڭگولۇقلار باشقىلارنى كوزىر قىلمايمىز، باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ جۇڭگونى كوزىر قىلىشىغىمۇ يول قويمايمىز. “ ( 261-بەت ) جۇڭگولۇقلار باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرمايدۇ.

تۆتىنچى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پرىنسىپ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرىلا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەپ ئىپادىلىگەنىدى: ”ھەرقانداق چەت ئەل جۇڭگونى ئۆزىگە بېقىندۇرىدۇ مەن دېمىسۇن، جۇڭگونى ئۆز مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىدۇ دېمىسۇن. “ (5-بەت) كېيىن ئۇ يەنە غەرب ئەللىرىنىڭ بىرمۇنچە دۆلەتلەردە مالىمانچىلىق چىقىرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىشتا، ماھىيەتتە، زوراۋانلىق سىياسىتىنى، زومىگەرلىكنى يولغا قويۇپ، شۇ دۆلەتلەرنى تىزگىنلەپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشنى كۆزلىگەنلىكىنى دەل جايىدا ئېچىپ بەردى. ئۇ غەرب ئەللىرىنىڭ جازالىشى، بېسىم ئىشلىتىشى ۋە تەھدىت سېلىشىغا قارىتىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ” دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىنى باشتىن-ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. “ ( 725-بەت ) ” جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئىچكى سىياسىي ئىشلىرىغا باشقىلارنى مەڭگۈ ئارىلاشتۇرمايدۇ. “ ( 746-بەت ) ” جۇڭگو خەلقى خەلقئارا مۇناسىۋەت مىزانىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەرقانداقىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلمايدۇ، بېسىم ئالدىدىمۇ تىز پۈكمەيدۇ. “ ( 726-بەت )

بەشىنچى، خەلقئارا يېڭى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ ئورنىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت

ستراتېگىيىلىك پرىنسىپ. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارا يېڭى ئىقتىسادىي تەرتىپ ۋە خەلقئارا يېڭى سىياسىي تەرتىپ ئورنىتىش مەسىلىسىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككى قۇتۇپلۇق قۇرۇلما پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئىشنى چىڭ تۇتۇش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئۇ تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشتا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى، شۇنداقلا سىناقتا ھەممىدىن بەك بەرداشلىق بېرەلەيدىغان پرىنسىپ دەپ قاراپ، خەلقئارا جامائەتچىلىككە ئاكتىپ تەۋسىيە قىلدى. ئۇ ئەگەر غەرب ئەللىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى سىياسىي ئىشلىرىغا ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئارىلاشسا، دۇنياۋى خاراكتېرلىك مالىمانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭلاشقا، ”خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى يېڭى تەرتىپنىڭ ئەڭ ئاساسىي پرىنسىپى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئارىلاشماسلىقتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك“ دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ( 746-بەت )

ئالتىنچى، ئىشكىنى ھەر تەرەپكە ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پرىنسىپ. ” بىز دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە، ئۆزىمىزنى بېكىنمە ھالەتكە ۋە يېتىم ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز لازىم. كەڭ خەلقئارا ئالاقىگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەرقانداق ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىش، ئالاقە قىلىش داۋامىدا پايدىلىق تەرەپكە يۈزلىنىپ، زىيانلىق تەرەپتىن ئۆزىمىزنى تارتىش لازىم. “ ( 538-بەت ) جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىش ئىشى مۇنداق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە غەربىي ياۋروپا ئەللىرى قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىش، يەنە بىرى، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىش، يەنە بىرى، ئۈچىنچى دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىش، دېمەك، جۇڭگونىڭ ئىشكىنى ئېچىۋېتىشى ھەر تەرەپكە ئېچىۋېتىش ھېسابلىنىدۇ.

يەتتىنچى، مەنپەئەتنى مىزان قىلىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پرىنسىپ. دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئاساسلىقى، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ نىكسون بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق دەپ ئوچۇق ئىپادىلىدى: ” دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ يىراق كەلگۈسى ستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي ئاداۋەت بىلەن ھېسابلاشماي، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى پەرق بىلەن ھېسابلاشماي، قارشى تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشى ھەمدە چوڭ-كىچىك، كۈچلۈك-ئاجىز دېمەي بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەرقانداق مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. “ ” مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىشتە ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەر ئىككىمىز ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى ئالىي مىزان قىلدۇق. “ (687—688-بەتلەر)

شەككىزىنچى، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن كۆزىتىش، ئالدىنقى جەبھىنى چىڭ تۇتۇش، سالماقلىق بىلەن

www.uyghurkitap.com

تاقابىل تۇرۇش، ھەرگىز باشلامچى بولماسلىقتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پرىنسىپ. شەرقىي ياۋروپادا زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر-بېسىقلىقى، سالماقلىقى ۋە جاسارىتىنى كۆرسىتىپ، مۇنۇلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى: ” خەلقئارا ۋەزىيەتنى مۇنداق ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەن يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى،ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن كۆزىتىش؛ ئىككىنچى، ئالدىنقى جەبھىنى چىڭ تۇتۇش؛ ئۈچىنچى، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش. ئالدىرىماسلىق كېرەك، ئالدىرىغان بىلەنمۇ بولمايدۇ. ئېغىر-بېسىق، ئېغىر بېسىق، يەنە ئېغىر-بېسىق بولۇشىمىز، باش چۆكۈرۈپ ئەمەلىي ئىشلىشىمىز، بىر ئىشنى يەنى ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم. “ ( 667-بەت ) 1990-يىل 12-ئايدا بەزى كىشىلەرنىڭ جۇڭگو خەلقئارادا باشلامچى بولۇپ بەرسە دېگەن تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ مۇنداق دەپ روشەن ئوتتۇرىغا قويدى: ” بىز ھەرگىز باشلامچى بولماسلىقىمىز كېرەك.بۇ—تۈپ دۆلەت سىياستى.“ (753-بەت) ” جۇڭگو مەڭگۈ زومىگەر بولمايدۇ، جوڭگو مەڭگۈ باشچىمۇ بولمايدۇ. “ (754-بەت)

ئون يىلدىن بۇيانقى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ خەلقئارا ستراتېگىيە-سىنىڭ توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى بىزنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە يارىشا ئىش كۆرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتە غايەت زور رول ئوينىدى. دۆلىتىمىز خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپلا قالماي، بەلكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە ئېلىپ كىردۇق. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ تۇزۇپ بەرگەن ستراتېگىيىلىك قائىدىنى ئاساسەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلا بولساق، جۇڭگو ئۆزىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەر قاتارىغا كىرەلەيدۇ.

**( ئاپتور: ج ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىن )**

**تەرجىمە قىلغۇچى:رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر:ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# «سوتسيالستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟ » ناملىق كىتاپنى ئوقۇڭ

كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا سوتسيالستىك بازار ئىگىلىكىگە ئائىت ئاساسىي نەزەرىيە ۋە بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان بۇ كىتابتا بازار ئىگىلىكىگە دائىر نەزەرىيە ۋە بىلىملەر ھازىرقى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئىخچام ۋە مېغىزلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، سىزنى بازار ئىگىلىكى ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە مول بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. كىتابتا بۇ نەزەرىيە ۋە بىلىملەر سوتسيالستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى، كارخانا تۈزۈمى، بازار سىستېمىسى، تاشقى سودا ئالاقىسى، يېزا ئىقتىسادى، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش، ئىجتىمائىي كاپالەت، قانۇن سىستېمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن بايان قىلىنغان، شۇنىڭدەك ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش ئەھۋاللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

بۇ كىتابقا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن « سوتسيالستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى چىڭ تۇتۇپ ئومۇملاشتۇرايلى » دېگەن تېمىدا كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن. مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى بۇ كىتابنى ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتقان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىمۇ مۇناسىپ ئۇقتۇرۇش تارقاتقان.
بۇ كىتاب ھازىر بېسىلىۋاتىدۇ، پات ئارىدا كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

**مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

《求是文选》（维吾尔文版）　国外代号：M5——V 国内统一刊号：CN11—2498
邮发代号 2—373　定价：0.95 元　邮政编码　100013